# ھەج-ئۆمرىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلغان ۋاقىتلىرى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# الأوقات التي دعا فيها النبي صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ في الحج والعمرة

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# ھەج-ئۆمرىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلغان ۋاقىتلىرى

43640-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەج-ئۆمرە پائالىيەت جەريانىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قايسى ۋاقىتلاردا دۇئا قىلغان؟، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بەرگەن بولساڭلار.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سوئال سورىغۇچى قېرىندىشىم! (ئاللاھ تائالا سىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن) شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ مېھمانلىرى ۋە ئۇنىڭ بەيتىگە كەلگەن ئەلچىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجابەت قىلىش ۋە ئىززەت-ئىكرام قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەجگە دەۋەت قىلغان. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققۇچىلار، ھەج-ئۆمرىگە چىققۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرىدۇر، ئۇلار دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، بىر نەرسە سورىسا سورىغىنىنى بېرىدۇ.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى. سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى1920-ھەدىس].

ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ ئەڭ كاتتىسى (ھەممە مۇكاپات كاتتىدۇر) ئۇلار ئىغىر گۇناھ، خاتالىقلار بىلەن كېلىپ پائالىيەتتىن كېيىن يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك پاك

هالـەتتـە قـايـتـىـدۇ. ئۇلار ئالـلاھ تائالانـىـڭ رەھـمـەت-مـەغـپـىـرەت دەرۋازىـسى ئالـدىغا كـېلـىـپ، ئالـلاھـنـىـڭ رەھـمـىـتـى بـىـلـەن ھـەج پـائالـىـيـەت مـەيدانلـىـرىـدىـن گـۇناھ-خـاتالـىـقلاردىـن يـەڭـگـىـل بولـۇپ، ئالـلاھـنـىـڭ رازىـلـىـقـىـنى ھـاسـىـل قـىـلـغان ھـالـەتتـە قـايـتـىـدۇ. سـەھـىـھ ھـەدىـسـتـە مۇنداق بايان قـىـلـىـنغان: «ناچار سۆز قـىـلـماسـتـىـن، باشقـىـلار بـىـلـەن جېدەل-ماجـىـرا قـىـلـماسـتـىـن ھـەج قـىـلـغان كـىـشى، ئانـىـدىـن يـېـڭى تۇغۇلغان بوۋاقـتـەك پاك ھـالـەتتـە قـايـتـىـدۇ.» [بۇخارى رىـۋايـىـتـى].

ئالـلاھ تائالانـىـڭ خـەيـر-ئـېـھسانى نـېـمـە دېـگـەن كـاتتـا!!!

مۇسـۇلـمـان كـىـشى بـەيـتـۇلـلاھـقـا قـەدەم بـېـسـىـپ كـېـلـىـش بـىـلـەن ئۇنـىـڭ گـۇناھ-مـەسـىـيـەتـكـە تولغان نام-ئـەمـەل دەپـتـەرلـىـرى قـاتلـىـنـىـدۇ، بۇنداق ئۇلـۇغ سـەپـەرنى تـەرك قـىـلـغان كـىـشى دۇنـيـالـىـقـتـىـن نـېـمـىـگـە ئـېـرىـشـىـدۇ؟!!

ئـەگـەر ئـېـرىـشـتى دېـسـەك، ئۇ ئـېـرىـشـكـەن نـەرسـىـسى بـىـلـەن ھـەجـگـە بـېـرىـشـتـىـن ھـاسـىـل بولـىـدىغان شـەرەپـلـەرگـە نائـىـل بولالارمـۇ ؟!!.

پـەيغـەمـبـەر ئـەلـەيھـىـسسالام مۇنداق دېـگـەن: «ساغلام ئادا قـىـلـىـنغان ھـەجـنـىـڭ مۇكـاپاتى جـەنـنـەتـتـۇر.» [بـىـرلـىـكـكـە كـەلـگـەن ھـەدىس].

ھـەج-ئۆمـرىـدە پـەيغـەمـبـەرئـەلـەيھـىـسسالامـنـىـڭ دۇئا قـىـلـغان ۋاقـىـتـلـىـرى:

1-ساپا تـىـغـىـدا دۇئا قـىـلـىـش: جابـىـر رەزىـيـەلـلاھـۇ ئـەنھـۇدىـن پـەيغـەمـبـەرئـەلـەيھـىـسسالامـنـىـڭ ھـەج پائالـىـيـەتـلـىـرى بايان قـىـلـىـنغان ئۇزۇن ھـەدىـسـتـە، مۇنداق دېـگـەن: «پـەيغـەمـبـەرئـەلـەيھـىـسسالام ساپا تـېـغـىـدىـن باشلـىـدى، يۇقـىـرىغا چـىـقـىـپ بـەيـتـۇلـلاھـنى كـۆرگـەن ۋاقـىـتـتا قـىـبـلـىـگـە يۈزلـىـنـىـپ، ئالـلاھ تائالانى كـاتتـىـلاپ: ئالـلاھـدىـن باشقا ئـىـلاھ يوق، ئالـلاھ بـىـردۇر، ھـېـچ شـېـرىـكى يوقـتۇر، پادىـشاھـلـىـق ۋە گـۈزەل

مەدھىيىلەر ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ئاللاھ بىردۇر، يەككە-يېگانىدۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇندىدى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، بىرلەشمە قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى، دېدى ئاندىن بۇ ئارىدا دۇئا قىلدى، يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلىدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى1218-ھەدىس].

2-مەرۋە تىغىدا دۇئا قىلىش: ئىلگىرىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، «ئاندىن مەرۋە تەرەپكە چۈشتى، سەئيى قىلىدىغان ئارىلىقتىن قەدىمى كۆتۈرۈلۈپ مەرۋىگە كەلدى، مەرۋىدىمۇ ساپادا قىلغاندەك قىلدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى1218 -ھەدىس].

3-مەشئەرىل ھەرەمدە دۇئا قىلىش: ئىلگىرىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، «ئاندىن قەسۋا ناملىق تۆگىسىگە مىنىپ مەشئەرىل ھەرەمگە كەلدى، قىبلىگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلدى، ئاللاھ تائالانى كاتتىلىدى، تەۋھىد كەلىمىسىنى تەكرارلىدى، تاڭ تولۇق يورىغانغا قەدەر ئۇ يەردە تۇردى.» [مۇسلىم رىۋايىتى1218-ھەدىس].

4-ئەراپات كۈنىدە دۇئا قىلىش: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرەپات كۈنىدە قىلىنغان دۇئا ئەڭ ياخشى دۇئادۇر.» [تىرمىزى رىۋايىتى3585-ھەدىس. شەيخ ئەلبانىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 4274-ھەدىس].

5-كىچىك ۋە ئوتتۇرانچى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش: ئىمام سالىم ئىبنى ئابدۇللاھدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك شەيتانغا يەتتە تال تاش ئېتىپ، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن بىر ئاز ئالدىغا مېڭىپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى، ئاندىن

شۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتۇرا شەيتانغا تاش ئاتتى، سول تەرەپكە بىر ئاز مېڭىپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى، ئاندىن كېيىن جىلغىنىڭ ئىچىدىكى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتتى. ئۇ يەردە تۇرماستىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى.» [بۇخارى رىۋايىتى 1752-ھەدىس].

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.